# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
12
جۈمە
维吾尔文 6 月12日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25090 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا فىلىپپىن زۇڭتۇڭى، بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە فىلىپپىن زۇڭتۇڭى دۇتېرت بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو - فىلىپپىن ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقلىرى ئۆزئارا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك قېرىنداشلىق مېھرىنى شەرھلىدى. مەن ناھايىتى خۇشال ھالدا شۇنى كۆردۈمكى، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# «بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ»

## ——باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيانىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلانغانلىقىنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، ۋاڭ خەنچاۋ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي**

نىڭشيانىڭ شىمالىي قىسمى ئادەتتە جۇەنجۇ دەپ ئاتىلىدۇ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ، يەر شەكلى تۈز، دەريا - ئۆستەڭلەر تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان، كۆللەر كۆپ بولۇپ، بەئەينى جياڭنەن بوستانلىقىغا ئوخشايدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمى قاقاس چۆل - باياۋان، قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز، بوران كۈچلۈك، قۇم كۆپ، يېرى ئۈنۈمسىز؛ جەنۇبىي قىسمىدا ئېدىرلىق، جىلغىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تەسكەي، نەم، ئېگىز ھەم سوغۇق بولۇپ، «جۇڭگودىكى ئەڭ قاقاس جاي» دېگەن نامى بار، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات رايونلارنىڭ بىرى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىڭشيا، بولۇپمۇ جەنۇبىي قىسمىدىكى شىخەيگۇ رايونىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەل قىلىش تەس بولۇۋاتقان بىر قىيىن مەسىلە ئىدى.

20 نەچچە يىل ئىچىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ نىڭشياغا تۆت قېتىم باردى. 1997 - يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن فۇجيەن - نىڭشيا ھەمكارلىشىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تۇنجى قېتىم نىڭشياغا باردى. شىخەيگۇدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئۇنى چوڭقۇر ھەيران قالدۇردى:

«مەن ئۆيىدە تۆت تامدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق دېگەننى ئەمدى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. بىر ئائىلىدە ئۈستەل - ئورۇندۇقمۇ يوق، يوتقان - كۆرپىمۇ يوقكەن. ئۆيدىكى بىردىنبىر ‹مال - مۈلۈك› لىمغا ئېسىپ قويۇلغان بىر تۇتام فاسەي بولۇپ، ئاشۇ ئازغىنە فاسەينى سېتىشقا تايىنىپ، ياغ، تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىكەن».

ئارقىدىن، 2008 - يىلى، 2016 - يىلى، ئۇ ئىككى قېتىم نىڭشياغا كەلدى، مۇھىم نۇقتىنىڭ ھەممىسى نامراتلارنى يۆلەش بولدى.

بۇ قېتىم دەل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە باردى. ئۇ تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ غېمىنى يېدى، ئەمەلىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، تۇرمۇشى تېخى بايانشات بولمىغان يۇرتداشلارنى ئەسلىدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ نىڭشياغا بېرىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۈچ كۈندە، ۋۇجۇڭ، يىنچۇەندىن ئىبارەت ئىككى جايدا يېزىلارغا باردى، خۇاڭخې دەرياسىنى كۆزدىن كەچۈردى، مەھەللىلەرنى زىيارەت قىلدى، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلىدى، ساھىللارنى كۆردى. پىژغىرىم ئىسسىقتا يول ئازابى تارتتى.

ھەممە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، نىڭشيادىكى شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى.

بىردىنبىر ئۆزگەرمىگىنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى بولۇپ، باشتىن - ئاخىر بىردەك، ئۈزۈل - كېسىل مۇستەھكەم بولدى.

### خۇاڭخې يېڭى كەنتىدە ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈش

1997 - يىلى، نىڭشياغا نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن كەلگەن شى جىنپىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇش «مەھەللە بويىچە كۆچۈرۈش»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى: «بىر جاينىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالمايدىغان» جايدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان شىخەيگۇدىكى ئاممىنى خېلەنشەن تېغى ئېتىكىدىكى خۇاڭخې دەرياسى سۇغىرىش رايونىغا كۆچۈرۈلدى. ئۇ كۆچمەنلەر كەنتىگە «مىننىڭ كەنتى» دەپ نام بەردى: «مىننىڭ كەنتى ھازىر قۇرغاق قۇملۇق ساھىل بولۇپ، كەلگۈسىدە جەزمەن ئالتۇن ساھىلغا ئايلىنىدۇ».

ياز كېتىپ قىش كەلدى، ۋاقىت خۇددى موكىدەك ئۆتمەكتە. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، نىڭشيادىكى 1 مىليونغا يېقىن ئامما جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندىن كۆچۈپ چىقتى، مىننىڭ كەنتىلا 40 مىڭدىن ئارتۇق كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنى كەينى - كەينىدىن قوبۇل قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سېرب مىللىتىدىن بولغان ئەزاسى دودىك شى جىنپىڭغا خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىدە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىنى قوغدىغانلىقىنى قەتئىي قوللىدى**

4 - بەتتە

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ مۇنداق بىلدۈردى ——

# بىرىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ شىنجاڭ سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ، شىنجاڭ سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ. چوقۇم باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشنى يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويۇشىمىز كېرەك.

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز**

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، لوپ ناھىيەسىنىڭ بۇيا يېزىسى ئاياغ سۇلۇۋا كەنتىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا، ئۆلچەش، پىچىش، تىكىش... ئىشچىلار مەكتەپ فورمىسى تىكىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخى 2018 - يىلى 8 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەمئىي 200دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېرىمىغا يېقىنى نامرات ئاھالە.

«باش شۇجى نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇشتىكى مەقسەت نامراتلارنى يۆلەش، سېخنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مايىللىشىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى كۆپرەك قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دەپ كۆرسەتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن ئاياغ سۇلۇۋا كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ئالاۋۇدىن ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخىنى ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىمىز».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى شىنجاڭغا كېلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئەسى خىزمىتىنى باھالىدى، سەييارە تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ 12 - باھالاش، سەييارە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئەسى خىزمىتىنى باھالاش، سەييارە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى ھەم شۇ كۈنى مەخسۇس تېمىلىق دوكلات قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئەسى خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ 12 - باھالاش، سەييارە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇڭ شىنچاۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2019 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## جېجياڭ كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بەردى:

# كەسىپ سېلىنمىسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىدا 15 مىليارد 100 مىليون يۈەنلىك بۇلۇت كېلىشىمى ئىمزالاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، خاڭجۇ شەھىرى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئىككى بۇلۇت كېلىشىمى ئىمزالاش ئاساسىي يىغىن مەيدانى ھەمدە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلىرىدىكى بۇلۇت كېلىشىمى ئىمزالاش شۆبە يىغىن مەيدانىدا، بىرلا ۋاقىتتا شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى. بىڭتۇەن 1 - شىسى ئارال شەھىرى — جېجياڭنىڭ كەسىپ سېلىنمىسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ۋە ھەمكارلىق تۈرى بويىچە بۇلۇت كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، جەمئىي 30 كەسىپ تۈرى ئىمزالاندى، كېلىشىمدىكى سېلىنما 15 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يەتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

**ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى**

# يېڭى جايغا كۆچۈش تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ ياخشىلاپ ئۆتكۈزۈش

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ**

ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، بىپايان قۇملۇق. ئىلگىرى، بۇنداق قاتناش قولايسىز، نامرات، قالاق جايلاردا، «بىر جاينىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالمايدىغان» ئەھۋال بار بولۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بىردىنبىر مەسىلە ھەل قىلىش يولى بولۇپ قالغانىدى. پامىر ئېگىزلىكىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋەكلىكىگىچە، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن نامرات ئاممىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى.

**يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىش چەت، نامرات جاي بىلەن خوشلىشىش**

ھاياتىنىڭ ئالدىنقى 40 يىلىدا، سىدىقجان سېتىۋالدى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى تاغدىكى چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چارۋا بېقىش بولۇپ، تۇرمۇشى جاپالىق، كىرىمى تۆۋەن ئىدى.

بۇرۇلۇش 2018 - يىلى 11 - ئايدا يۈزبەردى، سىدىقجان تۇرۇشلۇق ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى خانتېرەك كەنتى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش يولغا قويدى، كەنتتىن تەخمىنەن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان «يېپەك يولى جايىۋەن ئولتۇراق رايونى» ئۇنىڭ يېڭى ئۆيى بولۇپ قالدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، تاك سۇزۇلدى. سىدىقجان خوتۇن - بالىلىرىغا ناشتىلىق تەييارلاپ بولۇپ، ئىشقا ماڭدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، سىدىقجان يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ قالدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**بۇغداي دولقۇنلىرىدا مول ھوسۇل مەنزىرىسى**

**6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ تامتوغراق بازىرى قوۋى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى بۇغداي ئورۇماقتا. نۆۋەتتە، بۇ ناھىيەدىكى 225 مىڭ مو بۇغداي ئورما مەزگىلىگە كىردى، كەنت ئاھالىلىرى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئورما ئوروپ، بۇغداينى ئامبارغا كىرگۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا.**

□ **باۋ لياڭنىڭ فوتوسى**

# ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ 5 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى جۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «گەرچە يۇقۇم كارخانىنىڭ تىجارىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقارغان يۆلەش سىياسىتى ناھايىتى كۈچ بەردى، پەقەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن ئىبارەت بۇ بۆلەكتىلا بىزدىن 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى» دېدى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ خېڭئەن قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ چۈەنخۇي.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# يۇقىرىلارنىڭ «كۆك - تاق» ماللىرى يېتەرلىك، باھاسى مۇقىم بولدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، گې يوۋجۈن، سۇڭ ۋېيگو**

دېھقان ھويلىلىرىدىكى كۆكتاتلار ياپيېشىل ئۆستى؛ بازار، سودا سارايى، تاللا بازارلىرىدا كۆكتات مول، باھاسى مۇقىم بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، «ئاشلىق»، «كۆك - تاق»قا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ، بازارنى تەمىنلەشتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر يولنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، كۆكتات قاتارلىق ئاممىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)